ئەدىپ ئەخمەت بىننى مەخمۇت يۈكنەكى

# ئەتەبەتۇلھەقايىق

ئەدىپ ئەخمەت بىنى مەخمۇت يۈكنەكى

# ئەتەبەتۇلھەقايىق

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەمىت تومۇر
تۇرسۇن ئايۇپ

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



A 2 1 3



A 3 1 – 6



B 28 371 — 381





A 118 429 — 433



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تاكيلسا صبرايت فرح تا كوتوب

كوتوب توز فرح قه بلا دنج يوتوب

كما قال الله تعالى والله يحب الصابرين

فان مع العسر يسرا وكقوله صلى الله عليه وسلم

انتظار الفرج بالصبر عبادة

اوجار تخت اوزى يكجار توتيجى

قالور صبر ايديبى تواپين توتوب

الغ لوق قه يتكسنك يكيلما اوزونه

قابى بولسا الملك اوزتما بودونك

الغ تولدوغونك جه تودون راك توتوب

الغ قر كجيك كا سلق توت سودونك





كما قال الله تعالى نحن قسمنا بينهم معيشتهم في الحياة الدنيا

[illegible]

كوكى كوزكل لوكل اوز بتكى توبى كوزكل لوكل اول

[illegible]

بو كوزكل لوكل ابلق قا كونكل اوكى بكا اول

[illegible]

بير از دنج بير اوزه كا تفاوت بسليم

[illegible]

بلكانى كوز اوزه كا تودى كوزكل لوكل اول

## النوع الاخرى في مكارم الاخلاق والتحريص على التزامها

[illegible]

بودون قيلغ بحليى اوزتا اوز دينلك

[illegible]

كوزوم كيم ده بولسا اى اوز ديلكيد

تمنش بيز تجاح / كاكى كرزم بيز كيجى


CLXV

C 48 496 — 506

## ئەسەرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكار-لىقلارنىڭ مۇھىم بىرى ئەدىپ ئەخمەت تەرىپىدىن يېزىلغان زور ھەجىملىك شېئرىي ئەسەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئېشىگى) بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەسەر 14 باپ، 484 مىسرادىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان 3 پارچە شېئىرنى قوشقاندا، ھەممىسى بولۇپ 512 مىسرا بولىدۇ. ئەسەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يۇكسەك ماھارەت بىلەن يېزىلغان.

ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى "ئەدىپ ئەخمەت" دىگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. ئەسەرگە ئىلاۋە قىلىنغان پارچىلاردا ئاپتور



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

"ئەدىب" نامى بىلەن ئاتالغاندىن باشقا، بىر پارچىدا ئەدىبنىڭ يۇرتى "يۈكنەك" ئىكەنلىكى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى "مەخمۇت يۈكنەكى" ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتورنىڭ تولۇق نامىنى "ئەدىب ئەخمەت بىننى مەخمۇت يۈكنەكى" دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» دىداكتىك داستان بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاقى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق شېئرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. ئاپتور ئىلىم-مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە، مەرتلىك، ئادىللىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىنسانى خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ؛ بىلىمسىزلىك، جاھىللىق، خەسىسلىك، ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا زور ئىلغارلىققا ئىگە. لېكىن دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئاپتور بىرمۇنچە پاسسىپ قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بىز بۇ ئەسەرنىڭ مۇنداق پاسسىپ تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن يېزىلىپ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان بىر شېئىردا ئەسەر "قەشقەر تىلى" بىلەن يېزىلغان دەپ ئېنىق ئەسكەرتىلگەن. بۇ يەردە



تىلغا ئېلىنغان قەشقەر تىلى بىلەن مەخمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئالغان "خاقانى تۈرك تىلى" ئەمەلىيەتتە بىر تىل بولۇپ، ھەر ئىككىسى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرى بىلەن چاغاتاي تىلى (14-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى) ئامىللىرىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلغانلىقىنى، يەنى ئەسەر تىلىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي تىلىغا كۆچۈۋاتقان ئۆتكۈنچى تىلنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھال ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تارىخىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركى تىللار ئىچىدىكى تارىخىي ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ 3 خىل قوليازما نۇسخىسى بار: بىرى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (A نۇسخا) بولۇپ، 1444-يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت، ھۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە كۆچۈرۈلگەن، ھازىر بۇ نۇسخا ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفىيا (Ayasofya) كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا؛ ئىككىنچىسى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەپ يېزىقىدا قۇرمۇ-قۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (B نۇسخا) بولۇپ، 1480-يىلى ئابدۇلراززاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىمۇ ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفىيا كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا؛ ئۈچىن-

چسى، يالغۇز ئەرەپ يېزىقىدا كوچۈرۈلگەن نۇسخىسى (C نۇسخا) بولۇپ، بۇمۇ ئىستامبۇلدا كوچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىنىڭ كوچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كوچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ نۇسخا ھازىر ئىستامبۇلدىكى توپكاپى-سارايى (Topkapi-sarayi) كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

بۇ ئەسەر بەزىدە «ھىبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوغىسى) دىگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ نام ئەسەرنىڭ C،B نۇسخىلىرىغا بېرىلگەن نامدىن كېلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ A نۇسخىسى نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدىن كونا ھەم تولۇق بولۇپ، شۇ نۇسخىدا ئەسەرنىڭ نامى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دىيىلگەنلىكى ھەم بۇ نام ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئەسەر ئومۇمەن شۇ نام بىلەن ئاتالماقتا.

بىز كەڭ ئىجتىمائى پەن خادىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ، تىل، ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى تۈركىيە تۈركولوگى رېشىد رەخمەتى ئاراتنىڭ تەييارلىشى بىلەن تۈركىيە ئاتەش نەشرىياتى تەرىپىدىن 1951-يىلى ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان نەشرىدىكى قولىيازما نۇسخىلىرىغا ئاساسەن ۋە رېشىد رەخمەتى ئاراتنىڭ 3 خىل نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ توغرىلاش ئاساسىدا بېكىتكەن تېكىستى ۋە تۈركچە تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ ھازىرقى



زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق. سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىى. بۇ جەھەتتە بېرىلگەن تەنقىتلەرنى سەممى قارشى ئالىمىز.

خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# تېكست

## A

### بسمىللاھىررەھمانىررەھىم

## I

### ئاللانىڭ مەدھىيىسى ھەققىدە*

1. ئىلاھى ئوكۇش ھەمد ئايۇرمەن ساڭا
سەنىڭ رەھمەتىڭدىن ئۇمارمەن ئوڭا

2. سەنامۇ ئايۇغاي سەزا بۇ تىلىم
ئۇنارچا ئاياين يارى بەر ماڭا

3. سەنىڭ بارلىقىڭغا تانۇقلۇق بەرۇر
جەماد جانۋار ئوچغان يۇگۇرگەن نەڭە

---

* ماۋزۇلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى قولىيازما نۇسخىلىرىدا ئەرەبچە بېرىلگەن.



# تەرجىمە

## A

### بسمىللاھىررەھمانىررەھىم

## I

### ئاللانىڭ مەدھىيىسى ھەققىدە

1. خۇدا ساڭا كوپلەپ مەدھىيە ئوقۇيمەن،
(دائىم) سېنىڭ رەھمىتىڭدىن ياخشىلىق كۈتىمەن.

2. (سېنى) لايىقىڭدا مەدھىيىلەشكە مېنىڭ بۇ تىلىم يارارمۇ،
ئىقتىدارىمنىڭ بارىچە سوزلەي، ماڭا يارى بەر.

3. جانلىق، جانسىز، ئۇچقان، يۈگۈرگەن (ھەممە)نەرسىلەر،
سېنىڭ بارلىقىڭغا گۇۋالىق بېرىدۇ.

4. سەنىڭ بىرلىكىڭگە دەلىل ئارقاغان
بۇلۇر بىرنەڭ ئىچرە دەلىللەر مىڭە

5. يوق ئەردىم ياراتتىڭ يانا يوق قىلىپ
ئىكىنچ بار قىلۇرسەن مۇقىرمەن مۇڭا

6. ئايا شەك يولىندا يىلىگلى ئودۇن
كەل ئۇتتىن ئۇزۇڭ يۇل ئۇلۇمدىن ئوگە

7. ياراتتى ئول ئوغان تۇنۇڭ كۈندۈزۈڭ
ئۇدۇپ بىرى بىركە يورىر ئوڭ سوڭا

8. تۇنەتۇر تۇنۇگنى كۈنۈڭ كىتەرىپ
تۇنۇڭ كىتەرىپ باز يارۇتۇر تاڭا

9. ئۇلۇگدىن تىرىگ ھەم تىرىگدىن ئۇلۇگ
چىقارۇر كورۇر سەن مۇنى كەد ئاڭا

10. بۇ قۇدرەت ئىدىسى ئۇلۇغ بىر بەيات
ئۇلۇگلەرنى تىرگۈزمەك ئاسان ئاڭا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

4. سېنىڭ بىرلىكىڭگە دەلىل ئىزدىگەنلەر،
بىر ئىشتىن مىڭلارچە دەلىلگە ئىگە بولىدۇ.

5. يوق ئىدىم، ياراتتىڭ، يەنە يوق قىلىپ،
ئىككىنچىلەپ بار قىلىسەن، مەن بۇنىڭغا ئىقرارمەن.

6. ئەي، شەك يولىدا يۈرگەنلەر، ئويغىنىڭلار،
كېلىڭلار، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇڭلار.

7. قادىر (ئاللا) تۈننى ۋە كۈندۈزنى ياراتتى،
(ئۇلار) بىر بىرىگە ماسلىشىپ ئالدىن-كېيىن ماڭىدۇ.

8. (ئۇ) كۈننى كەتكۈزۈپ تۈننى كەلتۈرىدۇ،
تۈننى ھەم كەتكۈزۈپ قايتىدىن تاڭنى يارىتىدۇ.

9. (ئۇ) ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ ھەم تىرىكنى ئۆلتۈرىدۇ،
كۆرىسەن، بۇنى ياخشى بىل.

10. بۇ قۇدرەتنىڭ ئىگىسى بىر تەڭرىدۇر،
ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش — ئۇنىڭغا ئاساندۇر.

## II

### پەيغەمبەر مەدھىيىسى ھەققىدە

11. ئەشت ئەمدى قاچ سوز ھەبىب فەزلىدىن
ئۇقۇش ھۇش يىتتىپ سوزۇمنى ئاڭا

12. ئول ئول خەلق تالۇسى كىشى قۇتلۇغى
تورۇتمىشتە يوق بىل ئاڭا تۇش تەڭە

13. رەسۇللەر ئورۇڭ يۈز بۇ ئول يۈزكە كوز
يا ئولار قىزىل ئەڭ بۇ ئەڭكە مەڭە

14. ئانىڭ ئوگدىسىندىن تاتىر بۇ تىلىم
ئانىڭ مەدھى بولسا شەكەر شەھد ئاڭا

15. بۇ كۈن تەگسۇ مەندىن دۇرۇد ئول يارىن
ئەلىگ تۇتتاچىمقا ئەگىرسە مۇڭا

## III

### توت سەھابە مەدھىيىسى ھەققىدە

16. يىمە تورت ئىشىگە ئىدۇرمەن سەلام
ئولاردىن ئۇسانماق قاچان ئول ماڭا



## II

### پەيغەمبەر مەدھىيىسى ھەققىدە

11. ئەمدى پەيغەمبەر پەزلىدىن بىرئاز سوز ئىشتىڭلار،
سوزۇمنى ئەقىل - ھۇشۇڭلار بىلەن ئاڭلاڭلار.

12. ئۇ خەلق سەردارى، ئىنسانلارنىڭ قۇتلۇغىدۇر،
(شۇنى) بىلگىكى، يارىتىلغانلارنىڭ (ئىچىدە) ئۇنىڭ تەڭ-
تۇشى يوقتۇر.

13. رەسۇللار ئاق يۈز (كېلىدۇ)، ئۇ بولسا بۇ يۈزنىڭ كوزىدۇر،
ياكى ئۇلار قىزىل مەڭزىلىكتۇر، ئۇ بولسا شۇ مەڭزىدىكى
مەڭدۇر.

14. (مەن) ئۇنى مەدھىيىلىسەم تىلىم تاتلىق بولىدۇ،
(چۈنكى) ئۇنىڭ مەدھىيىسى مەن ئۈچۈن شەھدۇ - شېكەردۇر.

15. ئەتە مۇڭغا چومۇلسەم، قولۇمدىن تۇتقۇچى بولىدىغان،
ئۇ (رەسۇلغا) بۈگۈن مەندىن سالات ۋە سالام تەگسۇن.

## III

### توت سەھابە مەدھىيىسى ھەققىدە

16. يەنە چارىيالارغا سالام يوللايمەن،
مەن ئۇلاردىن ھېچقاچان تانمايمەن.

17. ئەتىق بىرلە فارۇق ئۇچۇنچ زىننۇرەين
ئەلى تورتىلەنچى ئول ئەرىسگ توڭا

18. كىم ئەرسە بۇ تورت ئىشكە بەد ئىتىقاد
تۇتار ئەرسە مىلگ لەئن ئىدۇرمەن ئاڭا

19. ئىلاھى كەچۇرگەن ئىدىمسەن كەچۇر
نەچە مە خەتالىغ قۇل ئەرسەم ساڭا

20. ماڭا بولسا فەزلىڭ قۇتۇلدى ئۇزۇم
ئەگەر بولسا ئەدلىڭ قاتىغلىق ماڭا

## IV

## بۇيۇك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگ مەدھىيىسى ھەققىدە

21. ئايا تىل تورۇت مەدھ ئوتۇنگىل قانى
مەن ئارتۇت قىلايىن شاھىمقا ئانى

22. شاھىم مەدھى بىرلە بەزەيىن كىتاپ
ئۇقىغلى كىشىنىڭ سەۋىنسۇن جانى



17. بىرى ئەتىق①، (بىرى) فارۇق②، ئۇچىنچىسى زىن-نۇرەيندۇر③،
تۆتىنچىسى ئەلى ــ قەھرىمان يىگىتتۇر.

18. كىمكى بۇ تۆت يارەنگە بەد ئىتىقاتلىق قىلسا،
مەن ئۇنىڭغا مىڭ لەنەت ئوقۇيمەن.

19. ئىلاھى، كەچۈرگۈچى رەببىمسەن؛ مەن سېنىڭ ئالدىڭدا
قانچىلىك گۇناكار قۇل بولساممۇ، مېنى كەچۈرگىن.

20. ھىممىتىڭگە ئېرىشسەم قۇتۇلىمەن،
ئەگەر ئادالىتىڭنى قوللانساڭ، بۇ، مەن ئۈچۈن پالاكەت بولىدۇ.

## IV

## بۇيۈك ئەمىرمۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگ مەدھىيىسى

21. ئەي، تىل، مەدھىيىلەر ياراتقىن ۋە سۇنغىن، قېنى،
مەن ئۇنى شاھىمغا سوغا قىلاي.

22. (مەن) شاھىم مەدھىيىسى بىلەن كىتاپنى بىزەي،
ئوقۇغان كىشىنىڭ جېنى سۆيۈنسۇن.

① ئەتىق ــ ئابابەكرى.
② فارۇق ــ ئۆمەر.
③ زىن-نۇرەين ــ ئوسمان.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

30. ئايا شاھىم ئەردەملەرىن ساناغان
سانارمۇ ئەدىز قۇم ئۇشاق تاش سانى

31. سىياسەت رىياسەت قىياسەت كەرەم
زىيادەت ئۇلا ئەدل ئەشىت ئۇق مۇنى

32. يەمە مەجد مۇرۇۋۋەت فۇتۇۋۋەت ئۇغان
ئاتا قىلدى شاھىمقا بۇ جۇملەنى

33. ئوكۇش ئاز دەپ ئايماز پەزىرلەر تەڭىز
بۇلىت ھەدىيە قىلسا ئۇشاق قەترەنى

34. تەڭىزدىن كەرىمرەك شاھىم مىلىك قاتا
قابۇل قىلسا تاڭ يوق بۇ ئاز ھەدىيەنى

## V
## كىتاپنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە

35. داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن بۇكىتاپ
چىقاردىم ئاۋۇندا ئاتى قالسۇ دەپ

36. كىتابىمنى كورگەن ئەشتگەن كىشى
شاھىمنى دۇئا بىرلە ياد قىلسۇ دەپ



30. ئەي شاھىمنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سانىغان (كىشى)،
چۆلدىكى قۇم ۋە شېغىلنىڭ سانى (ئۇنىڭغا) تەڭ كېلەلمەيدىكەن.

31. سىياسەت، رىياسەت، قىياسەت ۋە كەڭ قوساقلىق،
(بۇلارغا) ئادالەتنى قوش؛ بۇلارنى ئاڭلا ۋە چۈشەن.

32. يەنە، شەرەپ، ئىنسانىيەتچىلىك ۋە مەرتلىك — ھەممىسنى
قادىر (ئاللا) شاھىمغا ئاتا قىلدى.

33. بۇلۇت ئۇششاق قەترىنى ھەدىيە قىلسا،
دېڭىز (ئۇنى) ئاز-كوپ دېمەي قوبۇل قىلىدۇ.

34. شاھىمنىڭ كوكسى-قارنى دېڭىزدىن مىڭ ھەسسە كەڭدۇر،
بۇ ئەرزىمەس ھەدىيىنى قوبۇل قىلسا، ئەجەپ ئەمەستۇر.

## V
## كىتاپنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە

35. بۇ كىتاپنى داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن يازدىم،
ئۇنىڭ نامى دۇنيادا قالسۇن دەپ.

36. كىتاۋىمنى كورگەن ۋە ئاڭلىغان كىشى،
شاھىمنى دۇئا بىلەن ياد ئەتسۇن دەپ.

37. ئانىڭ ۋۇددى بىرلە كوڭۇللەر تولۇپ
ئانىڭ يادى بىرلە ئاژۇن تولسۇ دەپ

38. كىدىنكى كەلگلى كىشلەر ئارا
ئانىڭ زىكرى تاڭسۇق ئەدىز بولسۇ دەپ

39. بەزەدىم كىتاپنى نەۋادىر سوزۇن
باقىغلى ئوقىغلى ئاسىغ ئالسۇ دەپ

40. بولەك ئىددىم ئانى شاھىمقا مەن ئوك
ھەۋادارلىقىمنى توكەل بىلسۇ دەپ

## VI

## بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

41. بىلىگدىن ئۇرۇرمەن سوزۇمكە ئۇلا
بىلىگلىگكە يا دوست ئوزۇڭنى ئۇلا
بىلىگ بىرلە بۇلنۇر سەئادەت يولى
بىلىگ بىل سەئادەت يولىنى بۇلا

42. بەھالىغ دىنار ئول بىلىگلىگ كىشى
بۇ جاھىل بىلىگسىز باھاسىز بىشى
بىلىگلىگ بىلىگسىز قاچان تەڭ بولۇر
بىلىگلىگ تىشى ئەر جاھىل ئەر تىشى



37. كوڭۇللەر ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولۇپ،
جاھان ئۇنىڭ يادى بىلەن تولسۇن دەپ.

38. كېيىن دۇنياغا كەلگەن كىشىلەر ئارىسىدا،
ئۇنىڭ خاتىرىسى مىسلىسىز يۈكسەك بولسۇن دەپ.

39. بۇ كىتاپنى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن بېزىدىم،
(ئۇنى) كورگەن، ئوقۇغانلار بەھىر ئالسۇن دەپ.

40. مەن بۇ كىتاپنى شاھىمغا سوغا قىلىپ ئەۋەتتىم،
ھاۋادارلىغىمنى توكەل بىلسۇن دەپ.

## VI

## بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

41. سوزۇمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئوزۇڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.

42. بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز ياماقتۇر.
بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ،
بىلىملىك ئايال گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

43. سۆڭەككە يىلىگ تەگ ئەرەنكە بىلىگ
ئەرەن كوركى ئەقل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىگ
بىلىگسىز يىلىگسىز سۆڭەك تەگ هالى
يىلىگسىز سۆڭەككە سۆنۆلماز ئەلىگ

44. بىلىگ بىلدى.بولدى ئەرەن بەلگۈلۈگ
بىلىگسىز تىرىگلە يىتۈك كورگۈلۈگ
بىلىگلىگ ئەر ئولدى ئاتى ئۆلمەدى
بىلىگسىز تىرىگ ئەركەن ئاتى ئۆلۈگ

45. بىلىگلىگ بىرىڭە بىلىگسىز مىڭىن
تەڭەگلى تەڭەدى بىلىگنىڭ تەڭىن
باقا كورگىل ئەمدى ئۇقا سىنايۇ
نە نەڭ بار بىلىگ تەگ ئاسىغلىغ ئۆڭىن

46. بىلىگ بىرلە ئالىم يوقار يوقلادى
بىلىگسىزلىك ئەرنى چوكەردى قودى
بىلىگ بىند ئۇسانما بىل ئول هەق رەسۇل
بىلىگ چىندە ئەرسە سىز ئارقاڭ دەدى

47. بىلىگلىگ بىلىگنى ئەدەرگەن بولۇر
بىلىگ تاتىغىن ئاي دوست بىلىگلىگ بىلۇر
بىلىگ بىلدۈرۈر بىل بىلىگ قەدرىنى
بىلىگنى بىلىگسىز ئوتۇن نە قىلۇر



43. ئادەمدە بىلىم بولۇشى سوڭەكتە ئىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سوڭەكنىڭ ئىلىكتۇر.
بىلىمسىز (كىشى) ئىلىكسىز سوڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ،
(هالبۇكى) ئىلىكسىز سوڭەككە هېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

44. ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كوزگە كورۇنمەيدۇ.
بىلىملىكلەر ئولسىمۇ، نامى تىرىك بولىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئولۇك بولىدۇ.

45. بىر بىلىملىك مىڭ بىلىمسىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ،
تەڭلەشتۇرگەندە بىلىمنىڭ سالمىقى ئايان بولىدۇ.
ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كورگىن،
بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار.

46. ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كوتىرىلدى،
بىلىمسىزلىك ئەرنى يەرگە چوكۇردى.
بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى،
هەق رەسۇل: "بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەڭلار" دېگەن.

47. بىلىمنى دائىم بىلىملىكلەر ئىزدەيدۇ،
بىلىم تەمىنى ئەي دوست، بىلىملىك بىلىدۇ.
بىلىڭكى، بىلىم قەدرىنى بىلىم بىلدۇرىدۇ،
بىلىمسىز ئەخمەق بىلىمنى نېمە قىلىدۇ؟

## VII

## تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە

دد. ئەشتىكىل بىلىگلىگ نەگۈ دەپ ئايۇر
ئەدەبلەر باشى تىل كودەزمەك دەيۇر
تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر

54. سانىپ سوزلەگەن ئەر سوزى سوز ساغى
ئۇكۇش ياڭشاغان تىل ئۇنۇلماز ياغى
سوزۈڭ باشلاغ ئىدما يىغا تۇت تىلىڭ
يەتەر باشقا بىر كۈن بۇ تىل بوشلاغى

55. خىرەدلىغمۇ بولۇر تىلى بوش كىشى
تەلىم باشنى يەدى بۇ سوز تىل بوشى
ئۇچۇكتۇرمە ئەرنى تىلىن بىل بۇ تىل
باشقتۇرسا بۇتمەز بۇتەر ئوق باشى

56. سەفىھ ئەر تىلى ئوز باشى دۇشمەنى
تىلىندىن توكۇلدى تەلىم ئەر قانى
ئۇكۇش سوزلەگەندە ئۇكۇنگەن تەلىم
تىلىن بىكلەگەندە ئۇكۇنمىش قانى



## VII

## تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە

53. بىلىملىكلەرنىڭ سوزىگە قۇلاق سالغىن،
(ئۇلار) ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش دەيدۇ.
تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر (ئۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ.

54. ئويلاپ سوزلىگەن كىشىنىڭ سوزى سوز جەۋھىرىدۇر،
كوپ مەمەدانلىق قىلغان تىل قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دۇشمەندۇر.
ئاغزىڭغا كەلگىنىنى سوزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغىپ تۇت،
ئىغىز بوشلۇغى ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ.

55. ئاغزى بوش كىشىنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ،
ئىغىز بوشلۇغى نۇرغۇن باشنى يېدى.
كىشىنى تىل بىلەن ئازاپلىما، شۇنى بىلگىنكى،
ئوق يارىسى ساقىيىدۇ، (لېكىن) تىل يارىسى ساقايمايدۇ.

56. تەنتەكنىڭ تىلى ئوز بېشىغا دۇشمەندۇر،
ئوز تىلى سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېنى توكۇلدۇ.
كوپ سوزلىگەنلەردىن ئۇكۇنگەنلەر كوپ،
تىلنى تىزگىنلىگەنلەردىن ئۇكۇنگىنى قېنى؟



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

57. نە كىم كەلسە ئەركە تىلىندىن كەلۇر
تىلىندىن كىم ئەدگۇ كىم ئىسىز بولۇر
ئەشت بۇت بۇ سوزكە قاموغ تاڭدا تەن
تۇرۇپ تىلكە يۇكۇنۇپ تەزەررۇ قىلۇر

58. ئىكى نەڭ بىرىكسە بىر ئەردە قالى
بۇكەندى ئول ئەركە مۇرۇۋۋەت يولى
بىر ئول ياڭشار ئەرسە كىرەكسىز سوزۇگ
ئىكىنچ يالغان ئەرسە ئول ئەرنىڭ تىلى

59. تىلى يالغان ئەردىن يىراق تۇر تەزە
كەچۇرسەن مە ئۇمرۇڭ كونىلىك ئوزە
ئاغىز تىل بەزەكى كونى سوز تۇرۇر
كونى سوزلە سوزنى تىلىڭنى بەزە

60. كۇدەزگىل تىلىڭنى كەل ئاز قىل سوزۇڭ
كۇدەزىلسە بۇ تىل كۇدەزلۇر ئوزۇڭ
رەسۇل ئەرنى ئوتقا يۇزىن ئاتغۇچى
تىل ئول دەدى يىغ يۇل ئوتتىن يۇزۇڭ

61. كونى سوز ئەسەل تەگ بۇ يالغان بەسەل
بەسەل يەپ ئاچىتما ئاغىز يە ئەسەل
بۇ يالغان سوز ئىگ تەگ كونى سوز شىفا
بۇ بىر سوز ئوزاقى ئۇرۇلمىش مەسەل



57. كىشىگە ھەر ئىش كەلسە، تىلىدىن كېلىدۇ،
كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكىلىكى تىلىدىن مەلۇم بولىدۇ.
بۇ سوزنى ئاڭلىغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، تەن ھەر تاڭدا
تۇرۇپ تىلغا يۇكۇنۇپ يالۋۇرىدۇ.

58. ئەگەر بىر كىشىدە (مۇنۇ) ئىككى نەرسە بىرىكسە،
ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېچىلىدۇ:
(ئۇنىڭ) بىرى قۇرۇق گەپنى كوپ قىلىش بولسا،
ئىككىنچىسى يالغان سوزلەشتۇر.

59. يالغانچىدىن يىراق تۇرغىن ۋە تەزگىن،
ئومرۇڭنى راستچىللىق بىلەن ئوتكۇزگىن.
راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بىزىگىدۇر،
راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بىزە.

60. تىلىڭنى تىزگىنلە، ئاز سوزلىگىن،
تىلىڭنى تىزگىنلىسەڭ، ئوزەڭ قوغدىلىسەن.
رەسۇللا: "كىشىنىڭ يۇزىنى ئوتقا ئاتقۇچى
تىلدۇر" دېدى، تىلىڭنى يىغ، ئوتتىن يۇزۇڭنى قۇتقاز.

61. راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز،
ھەسەل يېگىن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن.
يالغان سوز گويا كېسەل، راست سوز شىپادۇر،
بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر.

62. كونى بول كونىلىك قىل ئاتان كونى
كونى دەيۇ بىلسۇن كىشىلەر سىنى
كونىلىك تونىن كەد قودۇپ ئەگرىلىك
كەدىم تون تالۇسى كونىلىك تونى

63. قاتىغ كىزلە رازىڭ كىشى بىلمەسۇن
سوزۇڭدىن ئۇزۇڭكە ئۇكۇنچ كەلمەسۇن
قامۇغ ياشرۇ ئىشىڭ بولۇپ ئاشكارا
بۇ كورگەن ئەشتكەن ساڭا كۇلمەسۇن

64. ئىشىم دەپ ئىنانىپ سىر ئايما ساقىن
نەچە مە ئىنانچلىغ ئىش ئەرسە ياقىن
سەرىپ سىندە رازىڭ سىڭىپ تۇرماسا
سەرەرمۇ ئىشىڭدە مۇنى كەد ساقىن

## VIII
## دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە

65. بۇ ئاژۇن رىبات ئول تۇشۇپ كوچگۇلۇگ
رىباتقا تۇشۇگلى تۇشەر كەچگۇلۇگ
ئۇلۇك ئارقىش ئۇزادى قوپۇپ يول تۇتۇپ
ئۇگى قوپمىش ئارقىش نەچە كىچگۇلۇگ

66. بۇ دۇنيا سوڭىدا يۇگۇرمەك نەچە
خەسىس نەڭدىن ئۇترۇ دەپ ئۇزۇك كۆچە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

62. راستچىل بول، راستچىللىق قىل، راستچىل ئاتال،
كىشىلەر سېنى راستچىل ئادەم دەپ بىلسۇن.
ئەگرىلىكنى قويۇپ، راستچىللىق تونىنى كىيگىن،
كىيىملەرنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونىدۇر.

63. چىڭ ساقلا سىرىڭنى كىشىلەر بىلمىسۇن،
سۆزۈڭدىن ئۆزەڭگە ئۆكۈنچ كەلمىسۇن.
بارلىق يوشۇرۇن ئىشلىرىڭ ئاشكارا بولۇپ،
[(بۇنى) كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار ساڭا كۈلمىسۇن.

64. دوستۇم دەپ ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتما، ھەزەر قىل،
ھەرقانچە ئىشەنچلىك يېقىن دوستۇڭ بولسىمۇ.
سىرىڭنى ئۆزەڭ ساقلىيالمىساڭ،
دوستۇڭ ساقلىيالارمۇ، بۇنى ياخشى ئويلان.

## VIII
## دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە

65. بۇ دۇنيا (يولۇچىلار) چۈشۈپ ئۆتىدىغان سارايدۇر،
سارايغا چۈشكۈچىلەر مېڭىش ئۈچۈن چۈشىدۇ.
كارۋاننىڭ ئالدى قوزغىلىپ ئۆزۈپ كەتتى،
ئالدى بىلەن قوزغالغان كارۋان قانداقمۇ كېچىكىپ قالسۇن؟!

66. نىمىشقا بۇ دۇنيانىڭ كەينىدىن يۈرگۈلۈك؟
خەسىسلىكتىن ساقلىنىشقا ئۆزەڭ كۆچە.

نەلۇك مالقا مۇنچە كوڭۇل باغلاقىڭ
بۇ مال كەلسە ئەرتە بارۇر باز كەچە

67. كوڭۇلدىن چىقارغىل تاۋار سۇقلۇقىن
كەدىم بىرلە تاپ تۇت قارىن توقلۇقىن
چىغايلىق يارىنلىق ئازۇق يوقلۇقى
چىغايلىق دەپ ئايما تاۋار يوقلۇقىن

68. بۇدۇنيا نەگىندىن يەگۇ كەدگۇلۇگ
ئال ئارتۇق تىلەمە ۋەبال يۇدگۇلۇگ
تارىغلىق دەپ ئايمىش ئاۋۇننى رەسۇل
تارىغلىقتا قاتلان تارى ئەتگۇلۇگ

69. بەقاسىز ئەرۇر بۇ ئاۋۇن لەززەتى
كەچەر يىل كەچەر تەگ مەزە مۇددەتى
يىگىت قوجا بولۇر ياڭى ئەسكىرۇر
قاۋى ئەرسە قاملۇر قاچار قۇۋۋەتى

70. بۇكۇن بار يارىن يوق بۇ دۇنيا نەڭى
مەنىڭ دەمىشلىك نەڭ ئادىنلار ئوڭى
قاموغ تولغان ئىرلۇر توكەل ئەكسىۇر
قاموغ ئابادانىڭ خەراب ئول سوڭى



نىمشقا مال ـ دۇنياغا مۇنچىۋالا كوڭۇل بىرىسەن؟
بۇ مال ـ دۇنيا ئەتىگەندە كەلسە، كەچتە يەنە كېتىدۇ.

67. مۇلۇكپەرەسلىكنى كوڭۇلدىن چىقارغىن،
ئەگلىك پۇتۇن، قوسىقىڭ توق بولسا شۇنىڭغا قانائەت قىلغىن.
ئەتىگە ئوزۇقۇڭ بولمىسا، بۇ يوقسۇللۇقتۇر،
مۇلۇك يوقلۇقىنى يوقسۇللۇق دېمە.

68. بۇ دۇنيا نەرسىلىرىدىن يەيدىغان بىلەن كىيىدىغانىنىلا ئال،
ئارتۇق تىلىمە، گۇنا يۈكلىنىدۇ.
رەسۇل بۇ دۇنيانى ئېتىزلىق دەپ ئاتىغان،
بۇ ئېتىزلىقتا ئىشلە، ياخشىلىق تېرى.

69. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقى ئەمەس،
مەززە مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامال.
يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ،
قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ ئاجىزلىشىدۇ.

70. بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بۈگۈن بار، ئەتە يوق،
مېنىڭ دىگەن نەرسەڭ باشقىلارنىڭ قىسمىتى.
ھەممە كوپ (نەرسە) ئازىيىدۇ، تەل (نەرسە) كېمىيدۇ.
ھارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خاراپلىق بولىدۇ.

71. نەچە يەر بار ئەردى سىغىشماز ئەرى
ئەرى باردى قالدى قۇرۇغ تەك يەرى
نەچە ئالىم ئەردى نەچە فەيلەسۇف
قانى بۇ كۈن ئولار مىڭىندە بىرى

72. ئاۋۇن كولچىرەر باز ئالىن قاش چاتار
بىر ئەلگىن تۇتۇپ شەھد بىرىن زەھر قاتار
ئەسەل تاترۇپ ئىلكىن تاماق تاتىتىپ
كىدىنرەك قەدەھقا سۇنۇپ زەھر قاتار

73. سۇچۇگ تاتىتىك ئەرسە ئاچىغقا ئانۇن
بىرىن كەلسە راھەت كەلۇر رەنج ئونۇن
ئايا غەم قاتىغسىز سۇرۇر ئۇمغۇچى
بۇ ئاۋۇن قاچان ئول ئۇمىنچقا ئورۇن

74. يىلان تەگ بۇ ئاۋۇن يىلان ئوقلاغۇ
يوقاماققا يۇمشاق ئىچى پۇر ئاغۇ
يىلان يۇمشاق ئەركەن ياۋۇز فىئىل ئىتەر
يىراق تۇرغۇ يۇمشاق دەپ ئازىلماغۇ

75. بۇ ئاۋۇن ما كورمەككە كوركلۇگ تاشى
ۋە لىكىن ئىچىندە تۇمەن ناخوشى



71. (ئادەملىرى) سىغىشمايدىغان بىرمۇنچە يەرلەر بار ئىدى،
(ھازىر) ئادەملىرى كېتىپ، يېرى بوش دىگۇدەك قالدى.
قانچىلىغان ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بار ئىدى،
قېنى بۇگۈن ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى؟

72. دۇنيا كۆلۈمسىرەيدۇ، ھەم قاپىغىنى تۈرىدۇ،
بىر قولىدا ھەسەل تۇتۇپ، بىر قولىدا زەھەر ساقلار.
ئاۋال ھەسەل بېرىپ، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ قويۇپ،
كېيىن زەھەر قېتىلغان قەدەھنى سۇنار.

73. تاتلىقنى تېتىغان بولساڭ، ئاچچىقنى تېتىشقا تەييارلان،
راھەت بىرلەپ كەلسە، زەخمەت ئونلاپ كېلىدۇ.
ئاھ، غەم ئۈمىتكە قوشۇلماي ئېقىۋېرىدۇ،
بۇ دۇنيا قاچان ئۈمىت ئورنى بولغان؟

74. بۇ دۇنيا گويا يىلاندۇر، يىلاننى ئۇرۇش كېرەك،
(ئۇ) قول بىلەن يوقاتماققا يۇمشاق، (لېكىن ئۇنىڭ) ئىچى
زەھەر بىلەن تولغان.
يىلان يۇمشاق بولغىنى بىلەن ياۋۇزلۇق قىلىدۇ،
(شۇڭا ئۇنىڭدىن) يىراق تۇرغۇلۇق، يۇمشاق دەپ ئازمى-
غۇلۇق.

75. بۇ دۇنيامۇ سىرتتىن قارىماققا گۈزەلدۇر،
لېكىن (ئۇنىڭ) ئىچىدە تۇمەنلىگەن ناخوشلۇقلار بار.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

باقىپ تاش بەزەكىن كورۇپ سەن مۇڭا
كوڭۇل باماقىڭ بىل خەتالار باشى

76. نىقاپ كوترۇر ئاژۇن بىرەر يۇز ئاچار
يازار قول قۇچار تەگ يانا تەرك قاچار
يايىنقى بۇلۇت تەگ يا تۇش تەگ هالى
دىرەڭسىز كەچەر بەخت يا قۇش تەگ ئۇچار

## IX
## مەرتلىك ۋە بېخىللىق هەققىدە

77. ئايا دوست بىلىگلىگ ئىزىن ئىزلەگىل
قالى سوزلەسەڭ سوز بىلىپ سوزلەگىل
ئاقى ئەرنى ئوگگىل ئوگەر ئەرسە سەن
بەخىلقا قاتىغ يا ئوقۇن كەزلەگىل

78. قامۇغ تىل ئاقى ئەر سەناسىن ئايۇر
ئاقىلىق قامۇغ ئەيب كىرىنى يۇيۇر
ئاقى بول ساڭا سوز سوكۇنچ كەلمەسۇن
سوكۇنچ كەلگۇ يولنى ئاقىلىق تىيۇر

79. ئەگىلمەز كوڭۇلنى ئاقى ئەر ئەگەر
ئەگىلمەز مۇرادقا ئاقى ئەر تەگەر



سەن ئۇنىڭ تاشقى بېزىگىنى كورۇپلا،
(ئۇنىڭغا) كوڭۇل بەرسەڭ، بۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق بولىدۇ.

76. دۇنيا بەزىدە نىقاۋىنى قايرىپ يۈزىنى ئاچىدۇ،
(ئۇ) قۇچاقلىماقچى بولغانىدەك قولىنى يايىدۇ، (لېكىن)
يەنە تېز قاچىدۇ.
بەخت گويا ياز بۇلۇتى ياكى بىر چۈشتۇر،
تۇرماستىن كېتەر ياكى قۇشتەك ئۇچار.

## IX
## مەرتلىك ۋە بېخىللىق هەققىدە

77. ئەي دوست، بىلىملىكنىڭ ئىزىدىن ماڭغىن،
ئەگەر سوزلىمەكچى بولساڭ بىلىپ سوزلىگىن.
ماختىساڭ مەرتنى ماختىغىن،
بېخىلغا چىلىڭ يا ئوقىنى بەتلىگىن.

78. هەممە تىل مەرتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ،
مەرتلىك بارلىق ئەيىپلەرنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ.
مەرت بول، ساڭا تىل ـ ئاھانەت كەلمىسۇن،
(چۈنكى) ئۇ تىل ـ ئاھانەت يولىنى ئېتىدۇ.

79. ئېگىلمەس كوڭۇلنى مەرتلەر ئېگىدۇ،
يەتكىلى بولمايدىغان مۇراتقا مەرتلەر يېتىدۇ.

بەخىللىقنى قانى ئوگەر تىل قايۇ
ئاقىلىقنى ئام خاس توزۇ خەلق ئوگەر

80. ئاقى ئەر بىلگىنى يەنە بىلدى كور
ئانىن ساتتى مالىن سەنا ئالدى كور
تىرىلدى ئۆلۈمسىز ئۆلامى بولۇپ
ئاژۇندا ئات ئەدگۈ قودۇپ باردى كور

81. بەخىل تەردى زەر سىم ھەرامدىن ئوكۈش
ۋەبال كوترۇ باردى ئوزەلە سوكۈش
ئۆلۈش بولدى مالى كىشىلەر ئارا
بەخىل ئالدى ئاندا ئوكۈنچىن ئۆلۈش

82. ئايا مال ئىدىسى ئاقى ئەدگۈ ئەر
بەيات بەردى ئەرسە ساڭا سەن مە بەر
يىرىلگەن سوكۈلگەن تەرىپ بەرمەگەن
تەرىپ بەرۈر ئەرسەڭ نەچە تەرسە تەر

83. تەبىئەتتا يىگى ئادەت ئەيىبسۈزى
ئاقىلىق ئەرۈر بىل بەخىل كوركسۈزى
ئەلىگلەردە قۇتلۇغ بەرىگلى ئەلىگ
ئالىپ بەرمەگەن ئول ئەلىگ قۇتسۈزى



بېخىللىقنى ماختىغان تىل قېنى، قەيەردە،
مەرتلىكنى ئاددى ۋە خاس — پۈتۈن خەلق ماختايدۇ.

80. قارا، مەرتلەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ،
مال – دۇنياسىنى شۇنىڭغا ساتتى ۋە مەدھىيە ئالدى.
(ئۇلار) مىسكىنلەرگە تىلەكداش بولۇپ ياشىدى،
(بۇ) دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتتى.

81. بېخىل ھارامدىن كوپلەپ ئالتۇن – كۈمۈش يىغدى،
(ئۆزىگە) گۇنا ۋە قاغىش يۈكلەپ كەتتى.
(ئۇنىڭ) مال – دۇنياسى كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىندى،
بۇنىڭدىن بېخىلغا تەككىنى پۇشايماندىن ئىبارەت بولدى.

82. ئەي، مال ئىگىسى — مەرت، ياخشى ئادەم،
تەڭرى ساڭا بەرگەندىكەن، سەنمۇ بەرگىن.
ئەيىپلەنگەن ۋە قاغىشقا قالغانلار يىغىشنى بىلىپ، بېرىشنى
بىلمىگەنلەردۇر.
(ئەگەر) بېرىشنىمۇ بىلسەڭ، قانچىلىك يىغساڭ يىغ.

83. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ۋە ئادەتلەرنىڭ ئەيىپسىزى
مەرتلىكتۇر؛ بىلگىنكى، بېخىللىق (ئۇلارنىڭ ئەڭ
چىركىنىدۇر.
قوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قۇتلۇق قول — بەرگۈچى قولدۇر،
ئېلىپ بېرىشنى بىلمەيدىغىنى قوللارنىڭ قۇتسىزىدۇر.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

84. بەخىللىق ئۇتالاپ ئۇڭۇلماز ئىگ ئول
بەزىمدىن بەخىل ئەلگى كەد بەركلىگ ئول
تەرىپ كوڭلى تۇدماز كوزى سۇق بەخىل
قۇل ئول مالقا مالى.ئاڭا ئەركلىگ ئول

85. بۇ بۇدۇن تالۇسى ئاقى ئەر تۇرۇر
ئاقىلىق شەرەق جاھ جەمال ئارتۇرۇر
سەۋىلمەك تىلەسەك كىشلەر ئارا
ئاقى بول ئاقىلىق سەنى سەۋدۇرۇر

86. بەخىل ناكەس ئوتۇن تاۋار پاسبانى
يىغار يەمەز ئىچمەز تۇتار بەرك ئانى
تاتۇرماز ئەسەنىندە تۇز دوستىڭا
ئولۇر قالۇر ئاخىر يەيۇر دۇشمەنى

# X

## كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

87. يانا بىر كەرەكلىگ سوزۇم بار ساڭا
ئاۋايىن مەن ئانى قۇلاق تۇت ماڭا
ئول ئول كىم تەكەببۇرنى يەردىن سالىپ
تەۋازۇنى بەرك تۇت ياپۇش كەد ئاڭا



84. بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلدۇر،
بېرىشكە كەلگەندە بېخىلنىڭ قولى ئىنتايىن چىڭدۇر.
يىغىش بىلەن ئاچكوز بېخىلنىڭ كوڭلى تويمايدۇ،
ئۇ مال-دۇنياغا قۇلدۇر، مال-دۇنيا ئۇنىڭغا ھاكىمدۇر.

85. خەلق ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئادەم — مەرت ئادەمدۇر،
مەرتلىك شەرەپ، ئىقبال ۋە جامالنى ئاشۇرىدۇ.
كىشىلەر ئارىسىدا ئىززەتكە ئېرىشمەك بولساڭ،
مەرت بول، مەرتلىك سېنى ئىززەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

86. بېخىل — ناكەس، ئەخمەق، مۈلۈك ساقچىسىدۇر،
يىمەي-ئىچمەي يىغىدۇ ۋە ئۇنى چىڭ تۇتىدۇ.
ھايات ۋاقتىدا دوستىغا تۇزىنىمۇ تېتىتمايدۇ،
ئۇ ئولىدۇ، (مېلى) قالىدۇ، (ئاخىردا) مېلىنى
دۇشمىنى يەيدۇ.

# X

## كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

87. ساڭا يەنە بىر كېرەكلىك سوزۇم بار،
قۇلاق سال، مەن ساڭا (ئۇنى) ئېيتاي:
بۇ (سوز) شۇكى، تەكەببۇرلۇقنى يەرگە ئۇرۇپ،
كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىش.

88. تەكەببۇر قامۇغ تىلدە يىرلۇر قىلىق
قىلىقلاردا ئەدگۈ قىلىق قودقىلىق
ئول ئەر كىم ئۇلۇغسىندى مەن مەن دەدى
ئەنى نە خەلايىق سەۋەر نە خالىق

89. قامۇغ قازغانىغلى ئاژۇن مالىنى
يەيۇمەدى باردى كورۇڭ ھالىنى
تىشىسى قالىپ بىر ئادىن ئەر بىلە
ئول ئاندا ياتىپان بەرۇر سانىنى

90. تەكەببۇر لىباسىن كەدىپ تاپ سالىن
كەرىپ خەلققا كوگزۈڭ تاپ ئۇسلان تىلىن
مۇسىنلىق نىشانى تەۋازۇ ئەرۇر
ئەگەر مۇمىن ئەرسەڭ تەۋازۇ قىلىن

91. تەۋازۇ قىلىغلىنى كوتىرۇر ئىدى
تەكەببۇر تۇتار ئەرنى كەمشۇر قودى
ئۇلۇغسىنما زىنھار ئۇلۇغ بىر بەيات
ئۇلۇغلۇق مەنىڭ سىز ئالىنماڭ دەدى

92. تاۋار بىرلە ئەرسە ئۇلۇقسىندۇقۇڭ
ئۇلۇغلۇق تاپارۇ ئەلىگ سۇندۇقۇڭ
تاۋار ئاسىغى نە ئول بارۇرسەن يالىڭ
قالۇر مۇندا كىدىن سەپەد ساندۇقۇڭ



88. تەكەببۇرلۇق ھەممە تىلدا ئەيىپلىنىدىغان قىلىق،
قىلىقلارنىڭ ياخشىسى كىچىك پېئىللىق.
كىمكى ئوزىنى ئۇلۇغ ساناپ مەن ـ مەنچىلىك قىلىدىكەن،
ئۇنى خالايىقمۇ ياخشى كورمەيدۇ، ئاللامۇ ھەم.

89. دۇنيانىڭ بايلىغىنى يىققانلارنىڭ ھەممىسى
(ئۇنى) يىمەستىن كېتىدۇ، (ئۇلارنىڭ) ھالىنى كورۇڭ.
خوتۇنى باشقا بىر ئەر بىلەن قېلىپ،
ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپ تېنىنى بېرىدۇ.

90. تەكەببۇر تونىنى كىيگەن بولساڭ، تېز سال،
خەلققە غادايغان بولساڭ، دەرھال تىلىڭنى تۈزەت.
مومىنلىكنىڭ نىشانىسى كەمتەرلىكتۇر،
ئەگەر مومىن بولساڭ، كەمتەر بولغىن.

91. كەمتەرلىك قىلغانىنى تەگرى كوتىرىدۇ،
تەكەببۇرلۇق قىلغانىنى يەرگە ئۇرىدۇ.
ھەرگىزمۇ ئوزەڭنى ئۇلۇغ ھىساپلىما، بىر ئاللا ئۇلۇغدۇر،
ئۇ: "ئۇلۇغلۇق ماڭا تەۋە، سىلەر تالاشماڭلار" دىگەن ئىدى.

92. (ئەگەر) مۈلكىڭگە تايىنىپ ئۇلۇغلۇق تالاشساڭ
ۋە ئۇلۇغلۇققا قول ئۇزاتساڭ،
مۈلكىڭنىڭ نىمە پايدىسى بار، ئوزەڭ يالغۇز كېتىسەن،
سىۋەت ـ ساندۇغۇڭ مۇندا قالىدۇ.



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ھەرىسلىقنى قودۇر ھەرىس ئەر قاچان
ئۆلۈپ ياتسا تۇپراق ئىچىگە كىرىپ

98. ھەرىس تەرىپ ئارماز ئۇسانماز بولۇر
ھەرىسلىق ئىگىنىڭ ئەمىن كىم بىلۇر
خەبەر بار بەرىلسە ئەگەر ئادەمى
ئىكى قول دىنار ما ئول ئۈچ قول قولۇر

99. ئايا ھىرس ئىدىسى ھەرىسلىق نەرەك
ئايۇ بەر ماڭا بۇ نەگۈكە كەرەك
تار ئەرسە كىلىڭ ئەرسە بىتىلدى رىزۇق
ھەرىسلىق قىلۇرمۇ مۇنى ئەدگۈرەك

# XII
## كەڭ قوساقلىق، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلار ھەققىدە

100. كوكى كورىكلۈگ ئەرنىڭ خۇيى كورىكلۈگ ئول
بۇ كورىكلۈگ قىلىقىقا كوڭۈل ئورىكلۈگ ئول
بىر ئەردىن بىر ئەركە تەفاۋۇت تەلىم
ۋە لىكىن كورەركە تۇزۇ بورىكلۈگ ئول

101. بۇتۇن قىلىقى قىلىن ئوتە ئىرتەگىل
كەرەم كىمدە ئەرسە ئانى ئەر دەگىل



ئاچكوز ئاچكوزلۇقنى قاچان قويىدۇ؟
ئۆلۈپ تۇپراق ئىچىگە كىرگەندىلا (قويىدۇ).

98. ئاچكوز (مۇلۇك) توپلاشتا ھېرىش ۋە زېرىكىشنى بىلمەيدۇ،
ئاچكوزلۇق كېسىلىنىڭ داۋاسىنى كىم بىلىدۇ؟
شۇنداق بىر گەپ بار: بىر كىمگە ئىككى چاڭگال دىنار بېرىلسە،
ئۇ ئۈچ چاڭگال تەلەپ قىلىدۇ.

99. ئەي ئاچكوز، ئاچكوزلۇقنىڭ نىمە كېرىگى بار،
ئېيتقىنا ماڭا، ئۇ نىمىگە يارايدۇ؟
تار بولسۇن، كەڭ بولسۇن رىسقىڭ شۇنداق پۈتۈلگەن،
ئاچكوزلۇق ئۇنى ياخشىلىيالامدۇ؟

# XII
## كەڭ قوساقلىق، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلار ھەققىدە

100. ئەسلى گۈزەل كىشىنىڭ خۇيى گۈزەل كېلىدۇ،
گۈزەل خۇيلۇق ئادەمگە كوڭۈل باغلىنىدۇ.
ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولىدۇ،
لېكىن قارىماققا ھەممىسى بوكلۇكتۇر.

101. (ئادەمنىڭ) پۈتۈن قىلىق-ھەركىتىنى ياخشى كۆزەتكىن،
كىم كەڭ قوساق بولسا، شۇنى ئادەم دىگىن.

يىمىشسىز يىغاچ تەگ كەرەمسىز كىشى
يىمىشسىز يىغاچنى كەسىپ ئورتەگىل

102. مۇسۇلمانقا مۇشفىق بولۇپ مىھرىبان
ساڭا ساندۇقۇڭ تەگ مۇسۇلمانقا سان
جەفا قىلدى چىڭقا يانۇت قىل ۋەفا
ئارىماز نەچە يۇسا قان بىرلە قان

103. ياراغلىغ ئاشىڭنى كىشىكە يەدۇر
ياراغ بۇلساڭ ئۇپراق يالىڭنى بۇتۇر
كۆچ ئەمگەك تەكۇرمە كىشىكە قالى
ساڭا تەگسە ئەمگەك كىشىدىن كۆتۈر

104. ئىسىز قىلغان ئەركە سەن ئەدگۈ قىلا
كەرەمنىڭ باشى بۇ ئەرۇر كەد بىلە
ئەگەر كەلسە ئەردىن ساڭا ئەدگۈلۈك
ئۆكۈش قىل ئۇل ئەرنىڭ سەناسىن تىلە

105. يازۇقلۇغ كىشىنىڭ يازۇقىن كەچۈر
ئەداۋەت كوكىنى قازىپ سەن كوچۈر
يالىنلانسا تۇتۇنۇپ غەزەب ھىققىد ئوتى
ھەلىملىق سۇۋىن ساچ ئۇل ئوتنى ئۆچۈر

106. كەرەم بىر بىنا تەگ ئاڭار ھىلم ئۇل ئۇل
يا بۇستان تەگ ئۇل ھىلم كەرەم ئال گۇل ئۇل



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تار قوساق كىشى گويا مېۋىسىز دەرەختۇر،
مېۋىسىز دەرەخنى كېسىپ قالىغىن.

102. مۇسۇلمانغا شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان بولغىن،
ئۆزەڭنىڭ غېمىنى يىگەندەك مۇسۇلماننىڭ غېمىنى يىگىن.
ساڭا جاپا قىلغۇچىغا جاۋابەن ۋاپا قىلغىن،
(چۈنكى) قاننى قان بىلەن قانچە يۇسىمۇ تازىلانمايدۇ.

103. يارامىلىق يېمەكلىكنى باشقىلارغا يېگۈز،
يارامىلىق ئىگىل تاپساڭ يالىڭاچلارغا كىيگۈز.
كىشىلەرگە زورلۇق قىلما ۋە جاپا سالما،
ئەگەر ساڭا (باشقىلاردىن) جاپا كەلسە، ئۇنى كوتەرگىن.

104. يامانلىق قىلغان كىشىگە سەن ياخشىلىق قىل.
ياخشى بىلگىنكى، بۇ، كەڭ قوساقلىقنىڭ ئۈستۈن پەللىسىدۇر.
ئەگەر ساڭا بىر كىمدىن ياخشىلىق كەلسە،
(ئۇ كىشىگە) كوپ مەدھىيە ئوقۇ ھەم (مەدھىيە) تىلە.

105. ئەيىپكار كىشىنىڭ ئەيىۋىنى كەچۈر،
ئاداۋەت يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلا.
غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلداپ يانسا،
مۇلايىملىق سۈيىنى چاچ، ئۇ ئوتنى ئۆچۈر.

106. كەڭ قوساقلىق گويا بىر بىنا بولسا،مۇلايىملىق ئۇنىڭ ھۇلىدۇر،
ياكى مۇلايىملىق بىر بوستان بولسا، كەڭ قوساقلىق
(ئۇنىڭدىكى) قىزىل گۇلدۇر.

يىقىلغقا تىرەپ كەسۈكلۈك ئۈلا
بۇ ئىتتىگلىك ئەركە ئازاد ئوز قول ئول

107. كودەزگىل ئايا دوست ئۈلۈغلار ھەقىن
ئاسىغسىز مزاھ ھەم جەدەلدىن ساقىن
ئۈلۈغلارنى بۇشرۇپ ساڭا بۇ مزاھ
كىچىگلەرنى كۆستاخ قىلۇر بىل ياقىن

108. بەلا كەلسە سەبر ئەت فەرەھقا كۆدۈپ
كۆدۈپ تۇر فەرەھقا بەلا رەنج يودۇپ
ئوچەر مىھنەت ئۆتى كەچەر نەۋبەتى
قالۇر سەبر ئىدىسى سەۋابىن يۇدۇپ

109. ئۈلۈغلۇققا تەگسەڭ ياڭىلما ئوزۇڭ
قالى كەدسەڭ ئەتلەس ئۈنىتما بوزۇڭ
ئۈلۈغ بولدۇقۇڭچا تۈزۈنرەك بولۇپ
ئۈلۈغقا كىچىگكە سىلىغ قىل سوزۇڭ

110. ئۇقۇپ سوزلە سوزنى ئۈۋىپ سوزلەمە
سوزۇڭ كىزلە كىدىن باشىڭ كىزلەمە
مىڭ ئەر دوستۇڭ ئەرسە ئوكۈش كورمەگىل
بىر ئەر دۇشمەن ئەرسە ئانى ئازلاما



يىقىلغاننى يولەپ، كېسىلگەننى ئۆلا،
بۇنداق قىلغان ئادەمگە ئازات (ئادەم) قول بولىدۇ.

107. ئەي دوست، چوڭلارنىڭ ھەققىنى قوغدا،
پايدىسىز سوز-چوچەك ۋە جىدەلدىن ساقلان.
بۇ سوز-چوچەكلەر چوڭلارنىڭ ساڭا بولغان غەزىۋىنى قوزغايدۇ،
كىچىكلەرنى بولسا بىئەدەپلىككە ئۈندەيدۇ، بۇنى ھەقىقەت بىل.

108. بالا كەلسە، شاتلىقنى كۈتۈپ سەۋرى قىل،
بالا ۋە زەخمەت يوقىلىپ شاتلىقنىڭ كېلىشىنى كۈت.
جاپانىڭ نوۋىتى كېتىپ، ئوتى ئۆچىدۇ،
سەۋرى ئىگىسى ساۋاپنى يۈدۈپ قالىدۇ.

109. يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشسەڭ، ئۆزەڭنى بىلمەي قالما،
ئەتلەس كىيسەڭ، بوز كىيگىنىڭنى ئۇنۇتما.
ئۇسكەنسېرى مۇلايىم بولۇپ،
چوڭ ۋە كىچىككە سىلىق سوز قىل.

110. سوزلىسەڭ ئۇقۇپ سوزلە، ئالدىراپ كەتمە،
سوزۈڭنى يوشۇر، كېيىن بېشىڭنى يوشۇرۇپ يۈرمە.
مىڭ ئادەم (ساڭا) دوست بولسا، ئۇنى كوپ كورمە،
بىر ئادەم (ساڭا) دۇشمەن بولسا، ئۇنى ئاز دىمە.

111. نەچە تەتىك ئەردىن بىرلە سەھۋ كەلۇر
نەچە يۇر ھۇنەرلىغدا بىر ئەيب بولۇر
بۇ بىر ئەيبدىن ئۇترۇ باشىن كەسگۇچى
ئاۋۇندا تىرىلگۇ كىشىسىز قالۇر

112. تىرىل ئەدگۇ فىئلىن كوڭۇللەر ئالىپ
ئىسىزلىكتىن ئۇزنى سىڭارۇ سالىپ
ئەتەر بولساڭ ئىشنى سانىپ ساقىنىپ ئەت
كەرەكمۇ كەرەكسىزمۇ كىرتۇ بىلىپ

113. نە ئىش ئۇترۇ كەلسە ئاڭا كەد باقىن
ئۇل ئىشنىڭ ئوڭىنى سوڭىنى ساقىن
سەۋىنچ ئەرسە كىدىن كوڭۇل تۇت ئاڭا
ئوكۇنچ ئەرسە ئاندىن ئوزاراق ساقىن

114. ئەرەن خەيرى شەررى كۇسەپ كەچمەز ئول
ئىسىز ئەدگۇ ئىشكە يانۇت كىچمەز ئول
ئايا ئەدگۇ ئۇمغان ئىسىزلىك قىلىپ
تىكەن ئەدلەگەن ئەر ئۈزۈم بىچمەز ئول

115. ئىشى ئەدگۇ بولسا ئەر ئەدگۇ بولۇر
ئەر ئىش ئەتگۇسىندىن ئوكۇش خەير بۇلۇر
ئىسىزكە ياۋۇما ئىسىز سۇھبەتى
سەنى تەركىن ئىسىز قىلىقلىغ قىلۇر



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

111. ھەرقانچە ئەقىللىق كىشىمۇ بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدۇ،
ھەرقانچە ئۇستا ھۈنەرۋەندىمۇ بىرەر ئەيىپ بولىدۇ.
مۇشۇ بىر ئەيىپ سەۋەبىدىن كاللىسىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە،
(بۇ) دۇنيادا ياشىغۇچى ئادەم قالمايدۇ.

112. ياخشى قىلىق بىلەن كۆڭۈللەرنى ئېچىپ ياشا،
يامانلىقتىن ئۆزەڭنى نېرى تارت.
بىر ئىش قىلساڭ، (ئۇنى) ئويلاپ كۆرۈپ،
ئۇنىڭ كېرەكلىك ياكى كېرەكسىزلىكىنى ھەققى بىلىپ قىل.

113. ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئوبدان كۆزدىن كەچۈر،
ئۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئويلا.
سۆيۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى بەر،
ئۆكۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنى ئوبدانراق ئويلا.

114. ئىنسانلارنىڭ ياخشى-يامانلىغى ئارزۇ بىلەن ۋاقى بولمايدۇ،
ياخشى-يامان ئىشنىڭ جاۋاۋى كېچىكىپ كەتمەيدۇ.
ئەي يامانلىق قىلىپ ياخشىلىق كۈتكەن (كىشى)،
تىكەن تېرىغان ئادەم ئۈزۈم ئالالمايدۇ.

115. كىشىنىڭ دوستى ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ ياخشى بولىدۇ،
كىشى ياخشى دوستىنىڭ ياخشىلىغىدىن كۆپ ياخشىلىققا
ئېرىشىدۇ.
يامانغا يولىما، يامانلارنىڭ گەپلىرى
سېنى تېزدىنلا يامان قىلىقلىق قىلىپ قويىدۇ.

## XIII

### زاماننىڭ بۇزۇقلۇغى ھەققىدە

116. مەجاز بولدى دوستلۇق ھەقىقەت قانى
مىڭەر دوستتا بىرى بۇلۇنماز كونى
ئوكۇشرەك كىشىنىڭ ئىچى غادىر ئەرۇر
كونى دوستۇڭ ئەرسە تاشى بىل مۇنى

117. بۇ كۈن بۇ ئاژۇندا كىشىلىك ئىسىز
قانى قانچە بەردى كىشىلىك ئىسىز
ۋەفا كولى سۇغلۇپ قۇرۇپ يۇللارى
جەفا تولدى تاشتى تەڭىزدىن ئەدىز

118. قانى ئەھد ئەمانەت، قانى ئەدكۈلۈگ
كىدىن كۈندە خەير ئىش مە كوترۇلگۈلۈگ
باشى باردى خەيرنىڭ سوڭى بارغۇسى
ئۇڭى كەلدى شەررىنىڭ سوڭى كەلگۈلۈگ

119. ئاژۇن بولدى ئۇدۋان جەفا جەۋر بىلە
قانى بىر ۋەفالىغ بار ئەرسە تىلە
سەن ئارتاق سەن ئانىن ئاژۇن ئارتادى
نەلۈك بۇ ئاژۇنقا قىلۇرسەن گىلە



## XIII

### زاماننىڭ بۇزۇقلۇغى ھەققىدە

116. دوستلۇق جالىشىپ كەتتى، ھەقىقەت قېنى؟
مىڭلارچە دوستتىن بىرمۇ سادىقى چىقمايدۇ.
نۇرغۇن كىشىلەر سىرتتىن سادىق دوستۇڭدەك كۆرۈنسىمۇ،
ئىچىدىن ۋاپاسىزدۇر، بۇنى بىلىپ قوي.

117. بۇگۈن بۇ دۇنيادا ئىنسانلىق ناچاردۇر،
ئىست، ئىنسانلىق قېنى، نەگە كەتتى.
ۋاپا كۆلى سوغۇلدى، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى،
جاپا تولۇپ تاشتى، دېڭىزدىن ئاشتى.

118. قېنى، ئەھد-ئامانەت، قېنى ياخشىلىق؟
كېيىنكى كۈنلەردە ياخشى ئىشلارمۇ يوقاپ كېتىدۇ.
ياخشىلىقنىڭ بېشى كېتىپ بولدى، ئاخىرىمۇ كېتىدۇ،
يامانلىقنىڭ ئالدى كەلدى، ئاخىرىمۇ كېلىدۇ.

119. زامان ئۆچمەنلىك ۋە جەۋرى-جاپا بىلەن تولدى،
قېنى بىر ساۋاپلىق؟ بار بولسا تىلە.
ئۆزەڭ بۇزۇق، شۇڭا زامانمۇ بۇزۇلدى،
(شۇنداق تۇرۇقلۇق) نېمىشقا بۇ دۇنيادىن شىكايەت قىلىسەن؟

120. غەرىب ئەردى ئىسلام غەرىپ بولدى باز
ئىبادەت رىيا بولدى ئابىد مەجاز
خەرابات ئورامى بولۇپ ئاباداز
خاراب بولدى مەسجىد بۇدۇن بىنەماز

121. ئەمەل قوددى ئالىم ۋە زاھىد ۋەرەئ
ئارىق رەقس چىقارىپ ئەتەر خوش سەماھ
بىدەئەتتىن يىغىلى كىشى قالمادى
ئانىن كۆندە ئارتا تۇرۇر بۇ بىدەئ

122. قانى ئەمرۇ مەئرۇپ قىلۇر ئەدگۇ ئەر
قانى كەندۇ ئەدگۇ كىشى تۇرغۇ يەر
يىرەر سەن زەمانەگنى خەلقىن قودۇپ
زەمانەگنى يىرمە كىشىسىنى يىر

123. كىم ئول يۇزچى ئەرسە كىشى يىگى ئول
كەرەك ئەرسە يىگلىك يورى يۇزچى بول
كىم ئول يوللۇغ ئەرسە ئانىڭ يولى يوق
كىم ئول يولسۇز ئەرسە ئاگار كىگرۇ يول

124. ئايا ئارتاق ئىشلىگ سەۋىنچىن سالىن
سەنىڭ رۇزگارىڭ بۇ كوگۇلچە قىلىن
تىلەكچە تىرىل ئىنىچ فارىغ قادغۇسۇز
نەيەركە يىغار باز سەنى نەتىلىن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

120. ئىسلام (ئەسلى) غېرىپ ئىدى، قايتىدىن ھەسسىلەپ غېرىپ بولدى،
ئىبادەت ساختىلىقتا ئايلاندى، ئىبادەتچىلەر جالاشتى.
مەيخانا مۇھىتى ئاۋاتلىشىپ كەتتى،
مىچىتلەر خاراپ بولدى، ئادەملەر بىناماز بولدى.

121. ئالىملار ئۆز ئىشىنى، زاھىتلار تەقۋالىقىنى تاشلىدى،
بىلىملىكلەر ئويۇن چىقىرىپ خوش ساماغا چۈشتى.
بىدئەتتىن ئۆزىنى تارتقان ئادەم قالمىدى،
شۇڭا بىدئەت كۈنسېرى ئاشماقتا.

122. قېنى، ئەمرى مەرۇپكە رىايە قىلىدىغان ئادەملەر،
قېنى، ياخشى ئادەملەر تۇرىدىغان يەرنىڭ ئۆزى؟
خەلق بىلەن كارىڭ يوق، زامانىڭنى ئەيىپلەيسەن،
زامانىڭنى ئەيىپلىمەي، كىشىلىرىڭنى ئەيىپلە.

123. كىم ئىككى يۈزلىمچى بولسا، شۇ ئىتتىۋارلىق بولىۋاتىدۇ،
ئىتتىۋارلىق بولىمەن دىسەڭ، ماڭ، ئىككى يۈزلىمچى بول.
كىم يوللۇق بولسا، ئۇنىڭغا يول يوقتۇر،
كىم يولسىز بولسا، ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر.

124. ئەي ئەخلاقسىز، شاتلىنىپ كەزگىن،
بۇ سېنىڭ دەۋرىڭ، خالىغىنىڭنى قىل.
تىلىگىڭ بويىچە راھەت ئىچىدە قايغۇسىز ياشا،
سېنى قەيەردە ۋە قانداق تىل بىلەن كىم تۇسىدۇ؟

125. ئۆۋۆت يىتتى يىندىپ بۆلۆنماز يىدى
هەلال يىگلى قانى كورۇنمەز بودى
هەلال كەندۇ قايدا بۇ كۈن قانى كىم
هەرامنى يەيۇردە هەرام دەپ يەدى

126. بۇدۇن ماللىغ ئەركە ئۆرۆپ يۈزلەرىن
تۇزۇ قۇل قىلۇرلار ئازاد ئۆزلەرىن
كىم ئول مالسىز ئەرسە ئول ئەرنى كورۇپ
يۈز ئەۋرۈپ كەچەرلەر يۇمۇپ كوزلەرىن

127. ئايا مالقا سۇق ئەر ياقىن بىل بۇ مال
بۇ كۈن قادغۇ ساقىنچ يارىن يۈك ۋەبال
هەرام ئەرسە مالىڭ ئەزاپ ئول سوڭى
هىساپ ئول ئەگەر بولسا مالىڭ هەلال

128. نەلۈك مالقا مۇنچا سۇق ئول بۇ ئۆزۈڭ
كوڭۇلدە غەمىڭ ئول تىلىڭدە سوزۇڭ
بارۇرسەن بۇ مالىڭ ياغىڭقا قالۇر
ئۆيادىپ بىرۇرلەر سارىنغۇ بوزۇڭ

129. سەنىڭ مالىڭ ئول مال ئاشىندۇردۇقۇڭ
ساڭا هەسرەت ئول تەك تۇتۇپ تۇردۇقۇڭ
بۇ كۈن كەندۇ سۇچۇگ بۇ تەرمەك ساڭا
ئاچىغ بولغا يارىن قودۇپ باردۇقۇڭ



125. ئۇيات يۇتتى، هىدىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ،
هالال يىگۈچىلەر قېنى، قارىسىمۇ كورۇنمەيدۇ.
بۇگۈن هالال ئۆزى قەيەردە، قېنى،
كىم هارامنى يىگەندە هارام دەپ يىدى.

126. خەلق مال-دۇنياسى بار كىشىلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ،
ئازات جىسمىنى پۈتۈنلەي ئۇلارغا قۇل قىلىدۇ.
مال-دۇنياسى يوقلارنى كورگەندە،
ئۇنىڭدىن يۈز ئۇرۇپ كوزىنى يۇمۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

127. ئەي مال-دۇنياغا هىرىس كىشى، هەقىقەت بىلكى، بۇ مال
بۇگۈن قايغۇ ۋە غەم، ئەتە بولسا يۈك ۋە گۇنادۇر.
مال-دۇنيايىڭ هارام بولسا، ئاخىرى ئازاپ بولىدۇ،
ئەگەر مال-دۇنيايىڭ هالال بولسا، (ئۇنىڭمۇ) هىساۋاتى
بولىدۇ.

128. نىمىشقا مال-دۇنياغا مۇنچىۋالا هىرىسسەن؟
ئويلايدىغىنىڭ شۇ (مال-دۇنيا)، سوزلەيدىغىنىڭمۇ شۇ.
(ئۆزەڭ) كېتىسەن، مال-دۇنيايىڭ دۈشمىنىڭگە قالىدۇ،
كېيەنلىك بوزۇڭنىمۇ ئۇياتقىنىدىنلا بېرىدۇ.

129. سېنىڭ مال-دۇنيايىڭ سېنى كەتكۈزىدىغان مال-دۇنيا،
ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ساڭا بىر هەسرەتتۇر.
توپلاش سەن ئۈچۈن تاتلىق (بولغىنى بىلەن)،
ئەتە تاشلاپ كېتىش ئاچچىق بولىدۇ.

130. بۇ ئاۋۇن مەزەسى قاتىغلىغ مەزە
ئىزاسى ئوكۇشرەك مەزەسى ئازا
ئەسەل قايدا ئەرسە بىلە ئەرىسى
ئەرى زەھرى تاتىغۇ ئەسەلدىن ئوزا

131. هۇنەرلىغقا ئاۋۇن ۋەفاسىزراق ئول
هۇنەرسىزقا مۇندىن جەفا ئازراق ئول
هۇنەر بىرلە دەۋلەت بىرىكمەكلىكى
بۇلۇنماز قامۇغ قىزدا ئول قىزراق ئول

132. نە يازدى ئاۋۇنقا بۇ ساھىب هۇنەر
نەگۇكە بۇ ئانى ئۇلاشۇ قىنار
خەسىسلەرنى كوترۇپ نەفىسنى چالىپ
ئازۇ قۇتسۇز ئاۋۇن قارىپمۇ مۇنار

133. ئايا هۇكمىن ئاۋۇن تاپا ئۇگگۇچى
يىرىپ مۇنى بىرەر يانا ئوگگۇچى
ئوغان هوكمى بىرلە كەلۇر كەلگەن ئىش
ئانىڭ ئەمرى بىرلە تەگەر تەگگۇچى

134. ئاۋۇنقا بۇ سوكۇش مەلامەت نەلىك
قەزالار يورىتغان ياراتغان مەلىك



130. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى ئارىلاشما بولىدۇ،
(ئۇنىڭ ئىچىدە) دەردى ناھايىتى كوپ، لەززىتى ئازدۇر.
ھەسەل نەدە بولسا، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ،
ھەسەلدىن ئاۋال ھەرىنىڭ زەھرىنى تېتىشقا توغرا كېلىدۇ.

131. بۇ دۇنيا هۇنەرۋەنلەر ئۇچۇن ۋاپاسىزراقتۇر،
(ئۇلارغا قارىغاندا) هۇنەرسىزلەرگە جاپا ئازراقتۇر.
هۇنەر بىلەن دولەتنىڭ بىللە بولۇشى،
ناھايىتى ئاز كورۇلىدىغان ئىشلاردىنمۇ ئاز كورۇلىدىغان ئىشتۇر.

132. بۇ هونەرۋەنلەر بۇ دۇنيا ئالدىدا نىمە گۇنا ئوتكۇزدى؟
نىمشقا بۇ دۇنيا ئۇلارنى ئۇزلۇكسىز قىينايدۇ؟
پەسلەرنى كوترىپ، ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇرىدۇ؟
ئەمسە، بۇ قۇتسىز دۇنيا قىرىپ ئەقلىدىن كەتتىمۇ؟!

133. ئەي ئوز هوكمىنى دۇنيا يۈزىدە يۈرگۈزگۈچى،
بەزەن ئەيىپلەپ، بەزەن ماختىغۇچى،
كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى قادىر ئاللانىڭ هوكمى بىلەن كېلىدۇ،
(ئىنسان) يولۇققان ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن بولىدۇ.

134. نىمشقا دۇنيانى مۇنداق قارىلاپ ئەيىپلىگۇلۇك؟
قازا ـ تەقدىرنى ئاللا كەلتۇرگەن ۋە ياراتقان.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قەزا بىرلە سانچىلۇر ئاداققا تىكەن
قەزا بىرلە ئىلىنۇر تۇزاققا ئەلىك

135. قامۇغ تەگدەچى نەڭ قەزادىن ئەرۇر
ئوقۇشسىزلار ئانى سەبەبدىن كورۇر
قەزا بىرلە ئۇچغان قالىق قۇشلارى
قارىقا قونار ھەم قەفەسقا كىرۇر

136. قەزا كەلسە يۈگرۈك يۈگۈرمەز ئۇرۇپ
قەزا قايتارىلماز قاتىغ يا قۇرۇپ
ساڭا رەنج ئاڭا گەنج بىرىگلى ئوغان
جەزا قىلما يا رەنج ئىدىسى تارۇپ

## XIV
## كىتاپ ئىگىسىنىڭ ئۆزۈرى ھەققىدە

137. بىتىدىم كىتابىنى مەۋائىز مەسەل
ئوقىسا تاتىر تىل يەمىش تەگ ئەسەل
كىم ئەرسە بۇ سوزگە ئادىنلار سوزىن
تەڭ ئەسە تەڭگەدى دۇرۇستقا بەدەل

138. ئەدىب ئەھمەد ئاتىم ئەدەب پەند سوزۇم
سوزۇم مۇندا قالۇر بارۇر بۇ ئوزۇم



ئاياققا تىكەن سانچىلىشى تەقدىردىن بولۇر،
ئىلىكنىڭ تۇزاققا چۈشۈشى(مۇ) تەقدىردىن بولۇر.

135. (باشقا) كەلگەن ھەممە ئىش تەقدىردىن كېلىدۇ،
ئۇقمىغانلار ئۇنى سەۋەپتىن كورىدۇ.
ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار تەقدىر بىلەن
يا شاخقا قونىدۇ، يا قەپەزگە كىرىدۇ.

136. قازا كەلسە، يۈگرۈكنى ئۇرۇپمۇ يۈگرەتكىلى بولمايدۇ،
(كەلگەن) قازانى كۈچلۈك ئوقيا بىلەنمۇ قايتۇرغىلى
بولمايدۇ.
ساڭا كۈلپەت، ئۇنىڭغا غەزىنە بەرگەن قادىر ئاللادۇر،
ئەي كۈلپەت ئىگىسى، (بۇ) كۈلپەتتىن شىكايەتلەنمە.

## XIV
## كىتاپ ئىگىسىنىڭ ئۆزۈرى ھەققىدە

137. كىتاپنى ئۈگۈت - نەسىھەت شەكلىدە يازدىم،
ئوقۇسا تىل (خۇددى) ھەسەل يېگەندەك بولىدۇ.
كىمكى، بۇ سوزلەرنى باشقىلارنىڭ سوزى بىلەن سېلىشتۇرسا،
دۇرۇس بىلەن يالغاننى سېلىشتۇرغان بولىدۇ.

138. ئېتىم ئەدىپ ئەخمەت، سوزۇم پەندى - نەسىھەت،
جىسمىم كېتەر، سوزۇم مۇندا قالار.

كەلۈر كۆز كەچەر ياز بارۇر بۇ ئۆمۈر
تۆكەتۈر ئۆمۈرنى بۇ يازىم كۆزۈم

139. ئانىن ئۆش چىقاردىم بۇ تۈركى كىتاپ
كەرەك قىل تاپ ئەي دوست كەرەك قىل ئىتاپ
بىتىدىم بۇ تاڭسۇق تۈرەف سوزلەرىن
قالى بارسا ئۇزۇم سوزۇم قالسۇ دەپ

140. ئانىن ئۆز ئەرۈر بۇ كىتاب بىر سۆزۈك
تالۇلاپ كەلتۈردۈم كەمىشتىن چوزۇك
نەۋادىر سۆزۈك ئاز بولۇر ھەزل ئوكۇش
چۆز ئەتلەس بولۇر قىز ئۈچۈزى بوز ئوك

141. ئايا مەندە كىدىن كەلىگلى مۇنى
ئوقىساك دۇئادا ئۇنىتما مەنى
ساڭا ھەدىيە قىلدىم بۇ تاڭسۇق سوزۇم
ماڭا ھەدىيە قىلسۇ دۇئا دەپ سەنى



باھار ئوتىدۇ، كۆز كېلىدۇ، ئومۇر ئوتىدۇ،
بۇ باھار ۋە كۆزلەر ئومۇرنى تۈگىتىدۇ.

139. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈركىي كىتاپنى چىقاردىم،
خالىساڭ بۇنى قوبۇل قىل، ئەي دوست، خالىساڭ ئەيىپلە.
ئۇزەم كەتسەم، سوزۇم قالسۇن دەپ،
بۇ (كىتاپنى) تەڭداشسىز گۈزەل سوزلەر بىلەن يازدىم.

140. شۇڭا بۇ ئۆز ۋە ساپ بىر كىتاپتۇر،
سوزلەرنىڭ كېرەكسىزلىرنى تاشلاپ، تاللاپ كەلتۈردۈم.
(ئادەتتە) ھەزىل كوپ، لېكىن نادىر ۋە ساپ(سوز) ئاز بولىدۇ،
(خۇددى) زەرلىك ئەتلەس ئاز، ئەرزان بوز كوپ (بولغىنىدەك).

141. ئەي مەندىن كېيىن (دۇنياغا) كەلگەنلەر،
بۇنى ئوقۇساڭلار مېنى دۇئادا ئۇنۇتماڭلار.
مەن سىلەرنى ماڭا دۇئا قىلسۇن دەپ،
بۇ تەڭداشسىز سوزلىرىمنى سىلەرگە ھەدىيە قىلدىم.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## B

### I

**ئەدىپ ئەخمەت ھەققىدە**

(مۇئەللىپى ئېنىق ئەمەس)

142. توغا كورمەز ئەردى ئەدىبنىڭ كوزى
تۇكەدى بۇ ئون تورت باب ئىچرە سوزى
ياغان بولسا يۇكلۇگ ئوزەننىندە زەر
ئانىڭ تۇشى بولغاي بۇ سوزنۇڭ ئازى

### II

**ئەدىپ ئەخمەت ھەققىدە**

(ئەمىر سەيفەددىن)

143. ئەدىبلەر ئەدىبى فازىللار باشى
گۇھەردىن سوز ئايمىش ئوگۇن سوز بىشى
ئۇغان رەھمەت ئىتسۇن بۇ سائەت ئاڭا
يارىن قوپسا بولسۇن يارانلار ئىشى



## B

### I

**ئەدىپ ئەخمەت ھەققىدە**

(مۇئەللىپى ئېنىق ئەمەس)

142. ئەدىپنىڭ كوزى تۇغما كورمەس ئىدى،
سوزى بۇ ئون توت باپ ئىچىدە تاماملاندى.
ئۈستىگە ئالتۇن ئارتىلغان بىر پىل بولسا،
بۇ سوزلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا شۇنىڭغا تەڭ كېلىدۇ.

### II

**ئەدىپ ئەخمەت ھەققىدە**

(ئەمىر سەيفەددىن)

143. ئەدىپلەر ئەدىبى، پازىللارنىڭ كاتتىسى،
ئەقىلى بىلەن گوھەردەك سوزلەرنى قىلغان، بۇ سوزنىڭ ئىسىلىدۇر.
شۇ سائەتتە ئۇنىڭغا ئاللارەخمەت قىلسۇن،
ئەتە قوپقاندا يارانلار ھەمرا بولسۇن.

## III

### ئەدىپ ئەخمەت ھەققىدە

(بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارخان)

144. ئەدىبنىڭ يەرى ئاتى يۈكنەك ئەرۈر
سافالىغ ئەجەب يەر كوڭۈللەرى يارۈر

145. ئاتاسى ئاتى مەھمۈدى يۈكنەكى
ئەدىب مەھمۈد ئوغلى يوق ئول ھىچ شەكى

146. كىتابىنىڭ ئاتى ئەرۈر ئەتبەتۇل-
ھەقايىق ئىبارەت ئەرەبدىن ئۇسۇل

147. تامامى ئەرۈر كاشغەرى تىل بىلە
ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە

148. ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى
بىلۈر ئول ئەدىبنىڭ نە كىم ئايمىشى

149. كىشى تىلنى بىلسە بىلۈر مەنىسىن
بىلۈرمەن دەسە ئەيب ئۇزى بىلمەسىن

150. كوپ ئىلىن كورۈر بىز ئەدىب سوزىنى
بىلە بىلمەگەندىن ئۇلار ئۇزىنى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## III

### ئەدىپ ئەخمەت ھەققىدە

(بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان)

144. ئەدىپنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى يۈكنەكتۇر،
ئۇ كوڭۇل يايرايدىغان ساپ ھاۋالىق ياخشى يەردۇر.

145. ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەخمۇت يۈكنەكىدۇر،
ئۇ ئەدىپ مەخمۇت ئوغلىدۇر، بۇنىڭدا ھىچ شەك يوقتۇر.

146. بۇ كىتاپنىڭ نامى ئەتەبەتۇلھەقايىق،
بۇ ئىبارە ئەرەپچە تۈزۈلگەندۇر.

147. (ئەسەرنىڭ) ھەممىسى قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان،
ئەدىپ (بۇنى) چىن دىلىدىن (چىقىرىپ) ئېيتقان.

148. قەشقەر تىلىنى بىلگەن ھەركىشى،
ئەدىپنىڭ نىمە دىگەنلىكىنى بىلىدۇ.

149. كىشى تىلىنى بىلگەندىلا، مەنىسىنى بىلىدۇ،
ئۆزى بىلمىگەننى بىلمەن دىيىش ئەيىپلىكتۇر.

150. بىز كوپ كىشىلەرنى كورىمىزكى، ئەدىپنىڭ سوزىنى
بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازاپلىنىدۇ.

151. ئەيىبقا قويۇپتۇر خەلايىق ئارا
غەلەت مەنىلەرنى ئايىتمىش يانا

152. سەبەب ئەردى بۇ ئىش بىتىدۇك كىتاب
كەرەك قىل ئىجابەت كەرەك قىل ئىتاب

153. بىلىپ تۇتسا ھەر كىم ئەدىبنىڭ سوزىن
خەلايىق ئارا ئول گوزىنلەر ئوزىن



151. (بىر قىسىملار) خاتا مەنە بەرگەنلىگىدىن،
خالايىق ئىچىدە ئەيىپلەشكە ئۇچرايدۇ.

152. شۇ ئىشلار سەۋەبىدىن كىتاپنى پۈتتۇق،
خالىساڭ قوبۇل قىل، خالىساڭ ئەيىپلە.

153. كىمكى ئەدىپنىڭ سوزىنى چۈشىنەلىسە،
ئۇنىڭ خالايىق ئارىسىدا ئىتىۋارى كوتىرىلىدۇ.

# سوزلۈك

## ئا

| | |
|---|---|
| ئاباداﻥ | ئاۋاتلىق |
| ئابىد | ئىبتىقاتچى، ئىبادەت قىلغۇچى |
| ئادىن | باشقا، باشقىلار |
| ئاسىغ | پايدا، مەنپەئەت |
| ئاسىغسىز | پايدىسىز، مەنپەئەتسىز |
| ئاسىغلىغ | مەنپەئەتلىك |
| ئاشىندۇر- | كەتكۈزمەك، يولغا سالماق |
| ئارتاق | ئەخلاقسىز، بۇزغۇنچى |
| ئارتۇت | سوغا |
| ئارقا- | ئىزدىمەك، ئاختۇرماق |
| ئارىق | بىلگۈچى |
| ئارىقسىز | كىر، مەينەت |
| ئازىل- | ئازماق، خاتالاشماق |
| ئاژۇن | دۇنيا، جاهان |
| ئاقى | مەرت |
| ئاي- | ئېيتماق، ئوقۇماق |
| ئايا | ھەي |
| ئال | قىزىل، ھال |
| ئالىن- | تالاشماق |
| ئام | ئاددى |
| ئان | ئۇ |
| ئانۇن- | تەييارلانماق، ھازىرلانماق |

## ب

| | |
|---|---|
| باسال | پىياز |
| باش | يارا، جاراھەت |
| باشلاغ | باشقىلار |
| باز | يەنە، قايتىدىن |
| بەيات | تەڭرى، ئاللا |
| بەدەل | يالغان، جا |
| بەدى | چەكسىز، مىسلىسىز |
| بەرك | چىڭ، مەھكەم |
| بەقاسىز | تۇراقسىز، مەڭگۈلۈك ئەمەس |
| بەك | چىڭ |
| بەكلە- | چىڭ تۇتماق |
| بەلگۈلۈگ | بەلگىلىك |
| بود | بوي، سايە، قارا |
| بودۇن | خەلق، ئادەم |
| بوشر- (~ بۇشار-) | غەزەپلەنمەك |
| بوشلاغ | بوشلۇق |
| بولەك | ھەدىيە، سوغا |
| بۇسۇغ- | بۇشۇرۇنماق |
| بۇكەن- | ئۈبتىلماق، بۇشۇرۇنماق |
| بۇل- | ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك |
| بىتى- | يازماق، پۈتمەك |
| بىچ- | ئېرىشمەك، ئالماق |
| بىدائ- | بىدئەت، يات دىندىكىلەر |
| بىشى | ياماق |
| بىرر | ياخشىلىق، ساۋاپلىق |
| بىلىگ | بىلىم |

## پ

| | |
|---|---|
| پاسپان | ساقچى |
| پەزىرلە- | قوبۇل قىلماق |
| پۈر | پۈتۈنلەي |

## ت

| | |
|---|---|
| تاپ | تېز |
| تاپا | ئارا |
| تاپارۇ | (بېرىش كېلىش مەنىسىدە) |
| تاتىغ | تەم، تاتلىق |
| تار- | تېرىماق |
| تارىغلىق | ئېتىزلىق |
| تاۋار | مۈلۈك، تاۋار |
| تاڭسۇق | مىسلىسىز، ئاجايىپ |
| تاڭ يوق | ئەجەپ ئەمەس، ھەيران قالارلىق ئەمەس |
| تالۇ | سەردار، جەۋھەر |
| تالۇس | ياخشى، ئەپىس |
| تانۇق | گۇۋا، ئىسپات |
| تانۇقلۇق | گۇۋالىق |
| تەتىكلىك | زىرەكلىك |
| تەركىن | تېز، تېزدىنلا |
| تەزەررۇ | يالۋۇرۇش، باش ئۇرۇش |
| تەۋازۇ | كەمتەرلىك |
| تەفاۋۇت | پەرق |
| تەگە- | تەگلەشتۈرمەك |
| تەڭ ئەد- | تەگلەشتۈرمەك، سېلىشتۇرماق |
| تەگىز | دېڭىز |
| تەگىل- | يەتمەك |
| تەلىم | كوپ، ئۇرغۇن |
| توڭا | باتۇر |
| تورتىلەنچى | توتىنچى |
| تورۇت- | ياراتماق |
| توزۇ | پۈتۈنلەي، تامامەن |
| تۆزۈن | مۇلايىم |





ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تۈش تەك
تۈش- چۈشمەك
تۈش تەك تەك - تۈش
تۈراق تەڭداشسىز، ئاز ئۇچرايدىغان
تۈغا تۇغما
تىشى ئايال، چىشى
تىرگۈز- تىرىلدۈرمەك

## د

داد ئىنساق ئادالەت ۋە ھەققانىيەت
دۇرۇد سالام، سالات
دىرەڭسىز كىچىكمەي، تۇرمايلا

## ئە

ئەدەر- ئىزدىمەك
ئەدىز چول، جەزىرە
ئەدىز ئېگىز
ئەدگۈ ياخشى
ئەدلە- تىرىماق
ئەسەل ھەسەل
ئەردەم ياخشىلىق، ئەردەم
ئەرەن ئەر، ئادەم
ئەرىسگ قەھرىمان، يۈرەكلىك
ئەرى ھەرە
ئەرد- ئېرىمەك
ئەرىكلىگ ھاكىم، ھوكۇمدار

ئەۋر- ئورىمەك
ئەك يۈز
ئەگىر- ياخشى كورمەك
ئەلىگ قول، ئىلىك
ئەلىگ تۇتتاچى قولدىن تۇتقۇچى، يېتەكچى
ئەم داۋا، شىپا
ئەمەل تاما قىلىش
ئەمەل قود- ئەمەل قىلىشى قويماق
ئەمگەك چاپا

## ج

جاھ ئىقبال
جەماد بارلىق، جىمى

## چ

چال- يەرگە ئۇرماق، يەرگە تاشلىماق
چوزۇك كىرەكسىز
چۇز ئەتلەس زەرلىك ئەتلەس
چىغايلىق يوقسۇللۇق

## خ

خالىق ئاللا
خىرەد ئەقىل، پەم-پاراسەت
خىقد ئۆچمەنلىك



## ھ

ھەبىب پەيغەمبەر
ھەرسىلىق ئاچكوزلۇك
ھەزل سوز-چوچەك، ھەزل
ھەلىم يۇمشاق
ھەمد مەدھىيە

## ئو (o)

ئوپراق كىيىم، تون
ئوتالا- داۋالىماق
ئوتۇن ئەخمەق، دوت
ئوقلا- ئۇرماق، ئاتماق
ئوك ئالد، ئىلگىرى
ئوك قىسمەت
ئول ① ئۇ ② -دۇر-تۇر

## ئۆ (ö)

ئود ۋاقىت، پەيت
ئوچۇكتۇر- ئۆچۈكتۈرمەك، ئازاپلىماق
ئورتە- كۆزەتمەك
ئورۇك ئاق
ئوكۇش كوپ، جىق
ئوكۇنچ پۇشايمان، ئوكۇنۇش
ئوگ- مەدھىيىلىمەك، ماختىماق
ئوگد مەدھىيە، كۈي

ئوگرەت- ئۆگەتمەك
ئوگۇ- مەدھىيىلىمەك، ماختىماق
ئوگۇت مەدھىيە، ماختاش

## س

سارىنغۇ كىيەنلىك
ساقىن- ① ھەزەر قىلماق، ئېھتىيات قىلماق؛ ② ئويلىماق
ساغ ساق، جەۋھەر
سال- ئۇرماق، تاشلىماق
سالىن- كەزمەك
سان تەن، بەدەن
ساڭ- ئويلىماق
سەبرىنت- سەۋرى قىلماق
سەپەد سوۋەت
سەخا سېخى، مەرت
سەخاۋەت مەرتلىك
سەھۇ سەۋەنلىك
سەر- سەۋر قىلماق، چىدىماق
سەزا مۇناسىپ، ماس
سەۋل- ئىززەتكە ئېرىشمەك
سەۋن- سۆيۈنمەك
سەقالىغ ساپ ھاۋالىق
سەفىھ تەنتەك، زەئىپ
سەلابەت غەيرەت - شىجائەت
سەلىم لىللا

| | |
|---|---|
| سەماھەت | ئالىجاناپلىق |
| سەنا | مەدھىيە، كۈي |
| سوڭ | ① سول؛ ② ئارقا |
| سوزۇك | ساپ |
| سوكۇل- | قاغىشقا قالماق |
| سوكۇنچ | ئاھانەت، تىل |
| سۈق | ئاچكۆز |
| سۈچۈك | ئاتلىق |
| سىپ- | سۈنماق |
| سىم | كۈمۈش |

## ش

| | |
|---|---|
| شەھد | ھەسەل |
| شەرر | يامان، ئەسكى |

## ر

| | |
|---|---|
| راز | سىر |
| رەئىييەت | رەئىيە، يوقسۇل |
| رەنج | زەھمەت، رەنج |
| رەقىس | ئويۇن |
| رۇز | كۈن |
| رۇزگار | دەۋر، زامان، كۈن |
| رىبات | دەڭ، ساراي |
| رىققان | ① يۇمشاق؛ ② چىن |
| رىيا | ساقتىلىق |

## ز

| | |
|---|---|
| زىكر | ئەسكە ئېلىش، سۆزلەش |
| زىنھار | ئېھتىيات قىلىش، ئوتتۇنۇش |

## ۋ

| | |
|---|---|
| ۋەرەڭ | تەقۋادارلىق |
| ۋەبال | گۇناھ، ئۆۋال |
| ۋۇددى | سۆيگۈ، مۇھەببەت |

## ئۇ (u)

| | |
|---|---|
| ئۇد- | ماسلاشماق |
| ئۇدۇان | دۈشمەنلىك، ئوچ-مەنلىك |
| ئۇدۇن- | ئويغانماق |
| ئۇچۇر | كىرەكسىز، يامان |
| ئۇسان- | زېرىكمەك، ۋاز كەچمەك |
| ئۇسلان- | رۇسلانماق، تۈزەل-مەك |
| ئۇزاق | بۇرۇن، ئىلگىرى |
| ئۇۋۇت | ئۇيات، ئىزا |
| ئۇقۇش | ئەقىل، زېھن |
| ئۇيا | قېرىنداش، تۇققان |
| ئۇغان | خۇدا، ئاللا |
| ئۇل | ئاساس، ئۇل |
| ئۇلا- | ئازاپلانماق |
| ئۇلا- | باغلىماق، يېپىشماق |
| ئۇلامسىز | مىسكىن، تايانچىسىز |
| ئۇم | ئۈمىت قىلىش، كۈ-تۈش |



| | |
|---|---|
| ئۈمىنچ | ئۈمىت |
| ئۈن- | ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە دېگەن مەنىدە |

## ئۈ (ü)

| | |
|---|---|
| ئۈچۈنچ | ئۈچىنچى |

## ف

| | |
|---|---|
| فارىغ | ھالاۋەت، ھۇزۇر |
| فەرەخ | شاتلىق |
| فۇتۇۋۋەت | مەرتلىك |

## ق

| | |
|---|---|
| قاتىغ | چىڭ، مەھكەم، قاتتىق |
| قاتىغلىق | قىيىنچىلىق، پالا-كەت |
| قاتلان- | ئىشلىمەك |
| قاچ | پىرئاز |
| قاچان | ھېچقاچان |
| قارا باش | دىدەك |
| قازغان- | تىرىشماق |
| قاۋى | قاۋۇل، كۈچلۈك |
| قالى | ئەگەر، مۇبادا |
| قالىق | ئاسمان، كوك |
| قاموغ | بارلىق، ھەممە |
| قانى | قېنى |
| قود- | قويماق |
| قودقىلىق | كەمتەرلىك |
| قوجا | قېرى |
| قىز | ناھايىتى ئاز كورۇ-لىدىغان، قىس |

## ك

| | |
|---|---|
| كەد | بەك، ياخشى |
| كەد- | كەيمەك |
| كەدىم | كىيىم |
| كەچ- | ئوتمەك |
| كەسۆكلۈگ | كېسكىلىك، كېسىل-گەن |
| كەرەم | كەڭ قوساق |
| كەزلە- | بەتلىمەك، توغرى-لىماق |
| كەمىش- | يەرگە ئۇرماق، كوممەك |
| كورك | زىننەت |
| كوركلۈگ | چىرايلىق |
| كوزلە- | ساقلىماق |
| كوك | يىلتىز، مەنبە، پۇشت |
| كوگز | مەيدە، كوكس |
| كونى | راستچىل، سادىق |
| كونىلىك | راستچىللىق |
| كۈدەز- | ئاسرىماق، مۇھاپىە-زەت قىلماق |
| كۈستاخ | بىئەدەپ |



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كۆسە- ئارزۇ قىلماق، ئۈمىت قىلماق
كۆلچىرە- كۆلۈمسىرىمەك
كىدىن كېيىن
كىچە- كېچىكمەك
كىرتۇ ھەقىقى، پۇختا، سادىق
كىگرۈ كەگرى

## ئې

ئىد- ئېيتماق
ئىد- ئەۋەتمەك، يوللىماق
ئىدى ئىگە
ئىت- ئەيىپلىمەك
ئىتاپ ئەيىپلەش
ئىجابەت قوبۇل قىلىش
ئىس (ئىش) ھەمرا، سەپداش
ئىسىز ئىسسىق
ئىسىز ناچار، يامان
ئىرا جاپا، دەرت
ئىۋ- ئالدىرىماق
ئىكى ئىككى
ئىكىنچ ئىككىنچى، ئىككىنچىلەپ، قايتىدىن
ئىگ ئاغرىق، كېسەل
ئىل خەلق، ئەل
ئىناد- ئىشەنمەك
ئىنانچلىق ئىشەنچلىك
ئىنچ راھەت

## ي

ياشرۇ يوشۇرۇن
يارى كۈچ، قۇۋۋەت
يارىن ئەتە
ياز- ئاچماق
يازۇق گۇنا، ئەيىپ
يازۇقلۇق گۇنالىق، ئەيىبكار
ياقىن ھەقىقەت، راستىنلا
ياقىن يېقىن
ياڭشا- كوپ سوزلىمەك، مەمەدانلىق قىلماق
ياي ياز
ياغ دۈشمەن
ياغان پىل
يالىڭ يالغۇز
يالىنلا- لاۋۇلدىماق
يانۇت جاۋاپ، قايتىدىن، جاۋابەن
يوقلا- يوقۇرىلىماق، ئورلىمەك
يۇزچى ئىككى يۈزلىمچى
يۇل- قۇتقۇزماق، تارتماق
يىد ھىد، پۇراق
يىتىنە- يەتكۈزمەك
يىرلە- ئۈزۈلمەك
يىقىقلىغ يىقىلغان
يىغ- توسماق، يىغماق
يىگ ياخشى



يىل شامال، يەل
يىمە يەنە
يىند- ئىزدىمەك

## غ

غادر غەددىر، ۋاپاسىز
غەرىب يات، غېرىب
غەلەت خاتا

## گ

گەنج غەزىنە، بايلىق
گۆزىنلە- ئېتىۋارى ئاشماق

## ل

لەئن لەنەت
لىباس تون

## م

مەجاز جالىنىش
مەجد شەرەپ
مەدەن ئوچاق، مەنبە
مەزەھ مازاق، سوز- چوچەك
مەۋائىز نەسىھەت
مەكارىم كەڭ قوساق، ھەرت، ئالىجاناپ
مەلامەت ئەيىپلەش
مەلىك ھوكۇمدار، ئاللا
مۇشفىق شەپقەتلىك
مۇقىر ئىقرار، ئىشىنىش
مۇرۇۋۋەت ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانىيەتچىلىك
مىھنەت جاپا، جەۋر

## ن

نەچە قانداقمۇ، قانداق قىلىپ
نەرەك نىمە كېرەك
نەۋادىر ئىسىل، ئاجايىپ
نەۋبەت نوۋەت
نەڭ شەيئى، نەرسە
نەلۈك نىمىشقا